# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
9
دۈشەنبە
维吾尔文 3 月9日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24995 - سان بۈگۈن 4 بەت


## 6 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقان ئائىلىلىرىنى تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇجاۋ خەۋەر قىلىدۇ: بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىز نامرات نوپۇسلارنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش تارىخىغا تەلتۆكۈس خاتىمە بەرگەندىن كېيىن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى داۋاملىق چىڭ كۆزلەپ، 75 مىڭ ئائىلىلىك يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى پائال ئالغا سىلجىتتى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار، بولۇپمۇ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان ئون ناھىيەنىڭ يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى ھەم ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلمىغان، كارتا بېجىرىلمىگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشتە قەرەلىدە قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان ئائىلىلىرىنى تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### «8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە

# شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ۋە ھەرقايسى سەپلەردە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ ئايال قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى

## پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئايال قېرىنداشلارغا بايراملىق سالام يوللىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى «8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ۋە ھەرقايسى سەپلەردە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ ئايال قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئايال قېرىنداشلارغا بايراملىق سالام يوللىدى!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، كەڭ ئايال تىببىي خىزمەتچىلەر ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، كىچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش، تىببىي خادىملارنىڭ مېھرىبان قەلبىدىن ئىبارەت ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلدى. كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، كېسەلنى تىزگىنلەش خىزمەتچى خادىملىرى، مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرى، ئاخبارات خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئايال قېرىنداشلار سادىقلىق بىلەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. كۆپچىلىكنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، كۈتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەپ، سىجىل ساغلام بولۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۈرىشىگە ئاتلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ۋە ھەرقايسى سەپلەردىكى ئايال قېرىنداشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئايال تېببىي خادىملارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، يۈز مىليونلىغان ئاياللىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭگى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى بېغىشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

**— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا**

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئەسلىدىلا يېڭىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىق بار ئىدى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى قىيىنچىلىقنى يەنە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، خىرىسلار تېخىمۇ مۇشكۈللەشتى، جەزمەن يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ھەرگىز بوشىشىپ كېتىشكە، بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، خىرىسلار چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا ھازىرلانغان پايدىلىق شارائىت چوڭقۇر ئىزاھلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن جەزمەن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، «ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغۇچە بەل قويۇۋەتمەسلىك كېرەك»، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەرگىزمۇ ئاسانلا، بىر ھۇجۇم بىلەنلا يەڭگىلى بولمايدۇ. ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقىچە، يەنە ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلەك ئەڭ جاپالىق يولنى مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنە ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# قەتئىي ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياخشى ھالەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، جاسارەت بىلەن قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا كېلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى، يېزىلارنىڭ ئېتىز باشلىرىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشىدەك ياخشى ھالەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، مۇمكىنقەدەر تېز ئومۇميۈزلۈك نورمال ئىزغا كىرىپ، جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا كېلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى، يېزىلارنىڭ ئېتىز باشلىرىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو سانجى شەھىرىنىڭ دەنبا بازىرى تۆلياڭ كەنتىدىكى مايسا يېتىشتۈرۈش بازىسىدىكى پارنىكتا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە كەنت ئائىلىلىرى بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىيلىكى، تەننەرخ، پايدا ئەھۋالىنى سورىماقتا.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجېن فوتوسى

#### شۆھرەت زاكىر ساۋەن ناھىيەسىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## يۇقۇمنىڭ پايدىسىز تەسىرىنى پائال تۈگىتىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ساۋەن ناھىيەسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ھەم نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

شۆھرەت زاكىر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ تيەنشىلى سولياۋچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ شىنتەي توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە كەلدى. شىنجاڭ تيەنشىلى سولياۋچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2006 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ يوپۇق، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پارنىك يوپۇقى ئىشلەپچىقىرىدۇ، مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ ھازىر ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىۋاتقانلىقىنى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)




## ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىمىز

**— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ كۈتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «ئۆچ رايون، ئۆچ ئوبلاست» ئىچىدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى، ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت كادىرلار،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ (بېيجىڭ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ) دا ئەڭ ئاخىرقى بىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى نۆللەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

ئۆز خەۋەرىمىز 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىنجاڭ (بېيجىڭ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ) دا ئەڭ ئاخىرقى بىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، شۇ كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ ئاغرىق مىسالى بېيجىڭ 9 - شىسىدىكى ئاغرىق مىسالى. ھازىرغىچە،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ بىرىنچى سېپى چوڭ دەرسخانىدۇر

سۆز ھەممىگە

□ جاۋ شىيا

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا «ئۆز جايىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا مۇلازىمەت قىلىش» تەشەببۇسنامىسى چىقىرىپ، دەرھال ئاكتىپ ئىنكاسقا ئېرىشتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار توردا دەرس ئوقۇشقا دەخلى يەتكۈزمەسلىك، ئۆزىنى ياخشى مۇداپىئە قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئېتىز بېشىغا بېرىپ، تەر تۆكۈپ، ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى بېغىشلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئەڭ ئاخىرقى ئون نامراتلىق قورغىنىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىگرۇي

ئەتىيازنىڭ سوغۇقى بولۇۋاتقان مەزگىلدە، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەنمەكتە.

بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا — ھەممىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئون ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت قالدى، شىنجاڭ 165 مىڭ 800 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى تاشلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)